دوكتور يۇسۇف قارداۋى

# كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال

دوكتور : يوسف القرضاوي

## مسلمة الغد

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئا. ئابدۇراھمان خاقانىي

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

2006 - يىلى ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دوكتور يۇسۇف قارداۋى

# كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال

دوكتور : يوسف القرضاوي

## مسلمة الغد

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئا. ئابدۇراھمان خاقانى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

2006 - يىلى ئاۋغۇست

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاياللار گۇرۇھى! سەدىقە قىلىڭلار، ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭلار، مەن دەۋزەخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى. ئۇلاردىن بىر ئايال: «نېمە ئۈچۈن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بىزدىن بولىدۇ؟» دېدى، رەسۇلۇللاھ: «سىلەر تولا قارغايسىلەر، ئەرلىرىڭلارنىڭ ھەققىدىن تانىسىلەر، سىلەردىنمۇ كالتە پەم ۋە دىنى كەمتۈك، ھەر قانداق ئەقىللىق كىشىنىڭمۇ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەملەرنى كۆرمىدىم»، دېدى. ئۇ ئايال: «ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كەمتۈكلۈكى نېمە؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولىدىغانلىقى ۋە ھەر ئايدا نەچچە كۈن ناماز ئوقۇيالمايدىغانلىقى» دېدى. [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەفسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەفسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى

ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

شەيخ يۇسۇف قەرداۋى ........................................ 9
كىرىش سۆز ................................................ 13
بۈگۈنكى ئىككى خاتا ئېقىم ئارىسىدىكى مۇسۇلمان ئايال .. 14
يوقلۇققا يۈزلەنگەن ھەقىقەت ................................ 16
ئايالنىڭ رايى .............................................. 17
قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش .................................. 18
ئىككى ئۆتمۈش ئارىسىدىكى مۇسۇلمان ئايال ................. 22
يېقىن ئۆتمۈش ............................................. 23
يىراق ئۆتمۈش .............................................. 26
ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تولۇقلىنىش ...................... 36
غەربتىكى كۆرىنىش ......................................... 40
ئايال كىشىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئورنى .................. 43
ئىسلام ۋە جاھىلىيەتتىكى ئايال .............................. 45
كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال ................................. 48

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

جىمى ھەمدۇسانا تۇغمىغان، تۇغۇلمىغان، تەڭدىشى يوق، يەككە - يېگانە بولغان بىر اللە قا خاستۇر. اللە نى پەرۋەردىگارىمىز، دەپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مەبۇد (چوقۇنۇلغۇچى) ئاتالغان نەرسىنى رەت قىلىپ ئىنكار قىلىمىز.

ھەقىقەتەن اللە نىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىدىغان دىن ئىسلام دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى دىنىمىز، دەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن ئاتالغۇسى بىلەن نامايەندە بولغان ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشلارنى قەتئىي رەت قىلىمىز.

ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ) پەيغەمبەرلىكىگە، ھەقىقىي رەھبەرلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تۇتقان يولى بىلەن ماڭمىغان، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھىدايىتىگە ئەگىشىپ، شەرىئىتىنى تەتبىقلىمىغان ھەرقانداق كىشى زالالەت ئىچىدىدۇر. اللە نىڭ رەھمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلىرىغا ۋە ياخشىلىقتا ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەن كىشىلەرگە بولسۇن!

ھۆرمەتلىك ھەمشىرە، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلىرىم! بۈگۈنكى دەۋردە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلام دىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا. دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىمىزدىن پايدىلىنىپ ئانىلىرىمىز،

ئاچىلىرىمىز ۋە سىڭىللىرىمىزنى، ھېچقانداق ئاساسى يوق قورقۇق شۇئارلار بىلەن ئىسلامغا قارشى خىزمەتكە سالماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىكى مائارىپنىڭ نامراتلىقىدىن ۋە ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسلام دىنىمىزنى تولۇقى بىلەن چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئانىلىرىمىز، ئاياللىرىمىز ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرلۇق ۋە شانلىق ماھىيىتىنى ئېچىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدۇق. بىلىپ ـ بىلمەي ئىسلام نامى بىلەن ئاياللارغا زۇلۇم قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر يۈز بەردى. ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى ياخشى چۈشىنەلمەي قالدۇق.ئاياللارنىڭ: "ئەرلەرنىڭ يېرىمى"، مىللەتنىڭ ئانىسى ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق.

مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئاياللار غەرب ئەللىرىنىڭ يالتىراق شۇئارلىرىغا ئالدىنىپ، مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمەي ئاخىرى ئاخىرى ئاشقىلىق ـ ئاشسىز ھالدا ئۆزلىرىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا يۈزلەندى.

ئەسلى قەلبى پاكىزدىنمۇ پاك، تەبىئىتى مېھىرلىك كەلگەن سۆيۈملۈك ئاياللار يولدىن ئېزىپ تارىختىكى رولىنى (ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي بۇرچىنى ئۇنتۇپ)، پەرزەنتلىرىنى ھەقىقىي بىر ئىلىم ئادىمى قىلىپ تەربىيىلەشكە ئاجىز كەلدى.

نەتىجىدە، ئۆزى ئۇچرىغان بەزى زۇلۇملارنى ئىسلام دىنىدىن كۆرۈپ شەرەپلىك ئىسلامنىڭ سايىسى ئاستىدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئەقىل كۆزلىرى كۆرمەي قالدى. ئەسلىدە دىنىمىزنىڭ مەھەللىۋى دىنىي ئۇيۇشمىلىرىدا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، مۇئەييەن يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان قارى - قۇرئان، موللا - مەزىنلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرى كەمتۈك، ۋەز - نۇتۇقلىرى ئۈنۈمسىز، ئەمەلىي قىلىقلىرى بولۇمسىز بولغانلىقى سەۋەب، نۇرانە ئىسلامغا چۈشكەن داغ كەبى، پارلاق دىنىمىزنىڭ قىز - ئاياللار قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە.

ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي ئوقۇش (ئۇنىۋېرسىتېت)لاردا ئوقۇۋاتقان، جۇملىدىن ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەبجەش بىرىكمىسىدە تۇرغان نۇرغۇنلىغان قىزلىرىمىز، ئاچا - سىڭىللىرىمىز دىنىي ئىلىم بىلەن سۇغۇرۇلغان يېتەرلىك ئائىلىۋى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن مۇستەسنا قېلىپ، ئىسلامنىڭ شاراپەتلىك نۇرلىرى بۇ مەسۇمەلەرنىڭ روھىيىتىگە لەززەتۇ راھەت، تەن - جانىغا جىستۇ جاسارەت بېرىپ ئۈلگۈرمىدىكى، ھەشەمەتچىلىك قاپلىغان چوڭ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى پەقەت كوچىلاردا مۇسۇلمانچە ئاشخانىغا كىرگەنلىرىدە ھېس قىلىدىغان؛ نە ئېتىقاد ئىرادىسى نە شەرىئەت ئەخلاقى، نە ئاخىرەت چۈشەنچىسى، نە جەننەت، نە دوزاخ، ئۇقۇمسىز بىر بىچارە ھالدا قالدى.

مۇشۇ ۋەجىدىن، پېقىر كەمىنە - كەمتەرىن ئىلمىمنىڭ چولتىلىقى، قەلەمىمنىڭ گاللىقىغا قارىماي، تارىخ بەتلىرىگە مەدەنىيەت ئۆگەنگۈچى ئەمەس، مەدەنىيەت

تارقاتقۇچى بولۇپ ئىسمى چۈشكەن بىر نەسىلنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئۆز دىنىدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ھەق ـ ھوقۇقى ۋە ئۆزلىرىنى ئىككىلا دۇنيا سائادىتىگە مۇيەسسەر قىلغۇسى مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىنى ئانچە مۇنچە بولسىمۇ تونۇپ قېلىشى ۋە غەيرى ئىسلامدىكى، جۈملىدىن غەرب ئەللىرى مۇھىتىدىكى ئاياللار سەپسەتىسىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىشىگە شۇنداقلا، خەيرلىك دۇئالىرىمىز ۋە ئۈمىدلىك تىلەكلىرىمىزدىكى كەلگۈسى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئۆز ھەققىنى ئادا قىلىش، ۋە كەلگۈسىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇشقا ئاز ـ تولا ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە ئۇستازىمىز يۈسۈف قارداۋىنىڭ "كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال" دېگەن كىتابچىسىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

گەرچە كىتابچە مەقسەتنى تولۇق ۋە قانائەتلىنەر ـ لىك ھەل قىلالمىسىمۇ، غەرب ئەللىرى تاراتقان يالغان ياۋىداق تۆھمەتلەرگە بىر ئاز بولسىمۇ رەددىيە بېرىپ، ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئوبرازىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئېچىشقا يول ئېچىپ، مەسىلىگە كىرىش يولى بولغۇسى.

**ئا.ئابدۇراھمان خاقانىي**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شەيخ يۈسۈف قەرداۋى



دوكتور يۈسۈف ئابدۇللاھ قەرداۋى پىكىر، دەۋەت ۋە فىقھىي (ئىسلام ھۆكۈملىرى) ئىلمىدە ئوتتۇرا ھال پوزىتسىيە تۇتقان، مۇبالىغە ياكى پەرۋاسىزلىق ئېقىمىدىن يىراق دىنىي ئالىم بولۇپ، بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ جانلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئۇ زات يۇقىرىقى ئىلىملەردە ئەنە شۇنداق نورمال پوزىتسىيىدە، قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىي كۈچلۈك بولغان يەتمىش پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەردە بىر دەۋەتچىگە خاس قىزغىنلىق، بىر ئەدىبكە خاس بەدىئىيلىك ۋە يېتىشكەن ئالىمغا خاس ئىنچىكىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ دەۋەتچىلىكتە كىتاب يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يەنە ئىسلام ئەللىرىنىڭ جاي - جايلىرىدا لېكسىيە سۆزلەش، خۇتبە (نۇتۇق) ئوقۇش، ۋە مۇدەررىسلىك بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. شەيخ يۈسۈف قەرداۋى يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەرنى، دەۋەتچىلىك ۋە خاتىپلىق(ئىماملىق) سۈپىتى بىلەن زىيارەت قىلغان ۋە نەچچە ئون قېتىم ئىسلامىي كونفېرىنسلارغا، مەجلىسلەرگە ئىشتىراك قىلغان.

ئۇنىڭ بۇنداق تاۋلىنىپ چىقىشىدا ئىسلامىي مۇھىتتا ياشىغانلىقى، باللىق ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن داغلىق

ئالىملار ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان بىر قىسىم قىيىن ئۆتكەللەر ئاساسلىق رول ئوينىغان.

## بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

دوكتور يۈسۈف ئابدۇللاھ قەرداۋى 1926 - يىلى مىسىرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سەفت تۇراب يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

يېقىرانە ياشاپ ئۆتكەن، بىر دىندار ئائىلىنىڭ يېتىم بالىسى بولۇپ ياشىغان دوكتور يۈسۈف ئابدۇللاھ قەرداۋىنىڭ ھاياتىغا ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ بەش ياش ۋاقتىدا يېزىسىدىكى بىر قۇرئان يادلاش ئورنىغا (قارىخانىغا) كىرىپ ئوقۇغان؛ كېيىن، مائارىپ مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق بىر مەدرىسىگە تىزىملىتىپ، ئون ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان... ئۇنىڭ قىرائەتتىكى مۇكەممەللىكى يېزا ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىززىتىنى قوزغىغان ۋە "شەيخ يۈسۈف" دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا يېزىسىدىكى كىشىلەرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىش بىلەن نامازلىرىغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى باشلىغان.

## ئوقۇش تارىخى

دوكتورنىڭ ئوقۇش سەپىرى ئىزچىل ئەلاچىلىق بىلەن داۋام قىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىچە بولغان توققۇز يىللىق ھاياتى ئەزھەرنىڭ تەنتادىكى قىسمىدا ئۆتكەن؛ باكالاۋۇرلۇق ئوقۇشى بولسا، ئۇسۇلۇددىن (دىن مېتودولوگىيىسى) بولۇپ، 1952 - يىلى ئۆزى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 180 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

تاماملىغان. ئارقىدىنلا ئوخشاش كەسىپ بويىچە لىسانسلىققا تىزىملىتىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەزھەرنىڭ ئۈچ فاكۇلتېتىدىن لىسانسلىققا ئېرىشكەن 500 ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدا بىرىنچىلىك بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

1957 - يىلى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە قاراشلىق «ئەرەب ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇت» ىدىن ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى بويىچە يۇقىرى لىسانسلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئوخشاش ۋاقىتتا، ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتىنىڭ ھەدىس - تەپسىر قىسمىغا ماگىستىرلىققا تىزىملىتىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1960 - يىلى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۇنى تاماملىغان.

كېيىن ئۇ "ئىسلامدا زاكات" تېمىسى بويىچە دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيىسى ياقلاپ، ئەسلىدىكى ئىككى يىلدا تاماملاشقا بېكىتىلگەن بۇ دېسسېرتاتسىيىنى. مىسىردا يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەر سەۋەبلىك ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن تاماملاپ، 1973 - يىلى يازدا، شەرەپ بىلەن بىرگە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەر

دوكتور يۇسۇف ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئۇستازلىرى، داڭلىق ئالىملار ۋە ئىلمىي ھاياتتا بىرگە تەربىيىلەنگەن نۇرغۇن كىشىلەردىن چوڭقۇر تەسىر ئالغان.

ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى شەيخ ھەسەن ئەلبەننا، ئۇستاز ئەلخۇلى، شەيخ مۇھەممەد غەززالى، دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ دىراز، شەيخ مەھمۇد شەلتۇت. شەيخ ئابدۇھېلىم مەھمۇد قاتارلىق

كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە دوكتورنىڭ ئادەمنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ئەسلىمىلىرى بار. يۇقىرىقى كىشىلەر دوكتورنىڭ مەدھىيەلىرىگە ساھىب كىشىلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

بسم الله الرحمن الرحيم

ئى، الله! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، شۇنداقلا، سەن بىزگە يولباشچى قىلىپ تاللىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مۇبارەك ئەسھابىلىرى (ئەگەشكۈچىلىرى) ئۇنىڭ دەۋىتىگە چاقىرغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەل قىلغۇچى شىردەك ئىرادىلىك بەندىلەرگە سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى تىلەيمەن! (ئامىين !)

پەرۋەردىگارىمىز، بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن. بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى سەن (بەندىلىرىڭگە ئىنئاملارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن.

ئى الله! بىزگە بىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگەتكىن ۋە بىزلەرنى ئۆگەتكەن نەرسىلىرىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرگىن، ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن !

ئى الله! بىز ساڭا ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز ۋە سېنىڭ رەھمىتىڭ ئارقىلىق دوزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمىز ۋە الله تائالادىن مەنپەئەتسىز ئىلىم، قورقماس قەلب، ئۆرلىمەس ئەمەل، ئاڭلانماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمىز!

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى نەق مەسىلىمىز «كەلگۈسىدىكى

مۇسۇلمان ئايال» توغرىسىدىدۇر. مەن تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان كەلگۈسى ئالدىدىكى مۇسۇلمان ئايال، مۇسۇلمان ئايالغا لايىق بولىشى كېرەك.

## بۈگۈنكى ئىككى خاتا ئېقىم ئارىسىدىكى مۇسۇلمان ئايال

نېمە ئۈچۈن بۇ كىتابىمغا «كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال» دېگەن ئاتالغۇنى تاللىدىم؟

چۈنكى ئەسىرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئايال ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئەسلى تەلەپتىكىدەك مۇسۇلمان ئايال ئەمەس. مەن بۇنى ئومۇمىي تەرەپتىن ئېيتىۋاتىمەن. ھەقىقەتەن بۇ يەردە بارلىق ھەمدۇ سانا الله غا بولسۇنكى، ئىسلام ئەللىرىدە بولسا سالىھ، مۆئمىن، الله دىن قورققۇچى، تەۋبە ۋە ئىبادەت قىلغۇچى مۇسۇلمان ئاياللار ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. لېكىن، بىز ياشاپ كۆنۈككەن بۇ يۇرتلاردا بولسا ئاساسلىق تالىشىۋاتقان ئىككى ئېقىمنى تاپىمىز: بىرىنچى ئېقىم بولسا چىڭىتقۇچى، لازىمەتچىلەر ۋە مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئالدىدىكى بارلىق ئىشىكلەرنى تاقىغۇچىلارغا مايىللاردۇر؛ ئىككىنچى ئېقىم بولسا ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىن پۈتلىنىشى ئۈچۈن بارلىقى ئىشىكلەرنى ئاچقۇچى، ئاياللارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشى، ياۋروپا ئاياللىرىنى مەنبە قىلىپ، قارىغۇلارچە ئۇلارنى تەقلىد قىلىشى، شاتۇتنىڭ گەپ قىلغىنىدەك ئۇلارغا ئوخشاش گەپ قىلىشلىرى ئۈچۈن ھەرخىل يوللارنى چىقارغۇچىلارغا

مايىللاردۇر. ئەپسۇسكى ئۇ ئىككى ئېقىمنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتادۇر.

بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى ئېقىم بولسا بىزنىڭ ھاياتىمىزدا مەۋجۇتتۇر. ھەددىدىن زىيادە چىڭلىق، ئاشۇرۇۋېتىش، بىپەرۋالىق ياكى مۇبالىغە قىلىپ ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن ھەددىدىن زىيادە بىپەرۋالىقلارنى ئۇچرىتىمىز؛ بەزى يەرلەردە قىزنىڭ تويلىشىدىغان يىگىتنى كۆرمەيدىغان، بەزى جايلاردا تا ھازىرغىچە يىگىت ئۆزى ئالماقچى بولغان قىزنى كۆرۈشتىن توسۇلىدىغان، توي كېچىسى كەلگەندە بولسا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر، خىياللىرىدىكىدىن باشقىچىلا بىر ئىنسان بىلەن بولغان تۇيۇقسىز، كىشىنى ھودۇقتۇرۇپ قويىدىغان بۇنداق ناچار ھالەتلەرنى ئۇچرىتىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، بەزى يەرلەردە زامانىۋىلاشقانلار، ئىلغارلار، ھۆررىيەتچىلەردىن، يىگىت ئۇچۇن ئالماقچى بولغان قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ بىرگە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، كىنو، تىياتىرلەرگە بېرىشتەك ئىشلارنى مۇباھ قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەرمۇ بار، ئۇلار يېرىم كېچىگىچە كۆزەتكۈچىسىز، چوڭلارسىز بىرگە يۈرۈشىدۇ.

بۇ ئىككى ئېقىم ئىچىدە لازىمەتچىلەر ئېقىمى بولسا ھەتتا يىگىتنىڭ قىزنى كۆرۈشىگىمۇ يول قويمايدۇ. قويۇپ بەرگۈچىلەر ئېقىمى بولسا تا كېچىگىچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىسلامدا يوق ئىشلاردۇر.

# يوقلۇققا يۈزلەنگەن ھەقىقەت

ئىسلام، ئايال كىشى ئۈچۈن ياتلىق بولماقچى بولغان كىشىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلدى. شۇنداقلا ئەرنى ئۆزى ئالماقچى بولغان ئايالنى كۆرۈشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: «مەن بىر ئايالغا چاي ئۆچۈردۇم» ـ دېگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى «ياق» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېيتتى : «ئۇنىڭغا قارىغىن، بۇ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارنى ياخشىلاشتا زۆرۈردۇر» دېدى. يەنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلارنى ئەرنىڭ ئايال بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدە ئۇچرىتىمىز.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئايالىغا سەل قاراپ ئۆيدە ئېتىبارسىز قارىغانلىقتىن ئۇنىڭ رايىنىمۇ ئالمايدۇ. مەسلىھەتمۇ سالمايدۇ، ھەتتا ئۆز قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ رايىنى ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلارنى قىزلىرىغا بۇيرۇڭلار» يەنى قىز توغرىسىدا ئانىسىنىڭ رايىنى ئېلىڭلار، چۈنكى ئانا قىزىنى ياخشى بىلگۈچى، ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقۇچى، سىرلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ رىغبىتىنى ساڭا قارىغاندا ياخشىراق بىلگۈچىدۇر. ئەي ئەر، قىزىڭ توغرىسىدا ئايالىڭ بىلەن كېڭەشكىن.

ھەقىقەتەن الله تائالا بۇۋاق توغرىسىدا ئېيتىدۇكى: ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر

www.uyghurkitap.com

گۇناھ بولمايدۇ.﴾ (سۈرە بەقەر 233 ـ ئايەت) مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئەر ئايالى بىلەن كېڭەشمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشسە ئۇنىڭ رايىغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ.

## ئايالنىڭ رايى

ئەپسۇسكى، جەمئىيىتىمىزدە بىر سۆز پەيدا بولدىكى، ئۇ بولسىمۇ: «ئاياللارنىڭ رايىنى ئال ئەمما ئۇلارنىڭ رايىنىڭ تەتۈرىگە ئىش قىل!» بۇ سۆزنى ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتمىغان. چۈنكى الله تائالا ئۆز كىتابىدا ئېيتىدۇكى: ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ﴾ ۋە قانداقمۇ قۇرئاننىڭ قارشىسىغا ھەدىس كەلسۇن؟!

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۇممۇ سەلىمە بىلەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سۈلھى ئىتتىپاقىدىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن ساھابىلىرىنى، چاچلىرىنى ئېلىپ ياكى قىسقارتىپ ئۆمۆرىنىڭ ئېھرامىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئەسھابى ئىكراملار ھەقىقەتەن ئۆمۆرنى، ئىبادەتنى نىيەت قىلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۇلارنى ئادا قىلماستىن قايتىپ كېتىش ئۇلارنىڭ نەپسى ئۈچۈن بەك ئېغىر كەلدى... ئۇلاردىن بىرىمۇ كىشى ئېھرامدىن چىقىش ئۈچۈن چېچىنى ئېلىپ ياكى قىسقارتىپ، ئېھراملىقنى سېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقمىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ساھابىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىدىن ئاغرىنىپ: «خالايىقلار

هالاك بولدى›› يەنى: ‹‹ الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمرىگە قارشى تۇردى›› دېدى. ئۇممۇ سەلىمە ئانىمىز ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چىقسىلا ۋە ھېچ بىرىگە گەپ قىلمىسىلا، چاچلىرىنى قىسقارتىش ئۇچۇن ساتىراش تەلەپ قىلسىلا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چاچلىرىنى ئالدۇرسىلا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىھرامدىن چىقسىلا ۋە بولاردىن باشقىنى قىلمىسىلا. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقتى، چېچىنى قىسقارتىش ئۇچۇن ساتىراشنى چاقىردى ۋە ئىھرامدىن چىقتى. كىشىلەر خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئويغاندى ۋە ئېيتىشتى: قانداقمۇ الله نىڭ پەيغەمبىرى قىلغاننى قىلمايمىز؟ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلدى. ئاشۇ بولسا ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ رايىنىڭ پەزىلىتى بىلەن بولغاندۇر.

ئېنىقكى ئايالنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رايى بار.

## قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش

ئەرلەرنىڭ ھازىر ئاياللىرىغا بىر بولسا، تامامەن سەل قاراۋاتقانلىقىنى يەنە بىر بولسا، ئايالىرىغا چۈلۈۋۈرىنى تاپشۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۆينىڭ (ئەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خوجايىنى بولۇپ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىدۇر: ئەر بولسا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ ۋە ھېچ بىر ئىشتا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. الله تائالا "ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھامىيلىرىدۇر" دەپ ئېيتقان ئەمەس بەلكى، ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ دېگەن. (سۈرە نىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

34 ـ ئايەت).

شۇنداق بىر ئەر باركى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە پادىشادۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇيرۇش ۋە رايى يوقتۇر. شۇنداقلا بىرەر ئىشنى ئورۇنداشقىمۇ قادىر ئەمەستۇر.

بۇ بولسا ئەر ئەمەس.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن بىخەستەلىكلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئىرادە قىلغىنىمىز بولسا ئوتتۇرا يولدۇر. بۇ ئوتتۇرلۇق بولسا ئىسلام ئېلىپ كەلگەن مۇۋاپىقلىقتۇر.

بىزنىڭ ئۈمىدىمىزدىكى ئايال يۇقىرىقى نۇقتىلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەكتۇر.

مۇلايىم مۇسۇلمان ئايال شۇنداق ئايالكى، خۇددى ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغىنىدەك ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئادا قىلىدۇ. بەلكى ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن مەسئولىيەتلەرىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ ئەسىرنى بولسا پەسكەش پىكىرلەر كونترول قىلىۋالدى. ئۇ بولسىمۇ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن بۇرۇن ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشتۇر.

ھەممە كىشىلەر «مېنىڭ ئۈستۈمدە نېمە بار؟» دېيىشتىن بۇرۇن: «ماڭا نېمە بار؟» دەيدۇ. ئايال كىشى ئوقۇتۇش، خىزمەت، سايلام... قاتارلىق ھەقلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئېيتمايدۇكى: نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟

مەسئۇلىيەتلەردىن بۇرۇن ھوقۇقىغا، ئىچكى دۇنياسىدىن (ماھىيىتىدىن) بۇرۇن تاشقى كۆرۈنۈشىگە، روھىدىن بۇرۇن جىسمىغا ۋە ئۆيدىن بۇرۇن كوچىغا ئېتىبار

بىرىشلەر بولسا ئەسىرىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ خاراكتېرىدۇر.

ئۇ بولسا بىز ھەقىقەتەن غەرب ۋە غەرب ئاياللىرىدىن ئالغان نەرسىلەردۇر. مۇسۇلمان ئايال غەرب ئايالنى تەقلىد قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى باردۇر.

غەربلىك ئايالنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتى، ئەقىدىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئالغان مىراسلىرى، ئوخشىمايدىغان مۇھىتى قاتارلىقلار باردۇر. شۇنداقلا بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز ۋە قىممەتلىك مىراسلىرىمىز بار.

مۇسۇلمان ئايال ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرۇپ ياۋروپا ياكى ئامېرىكا ئاياللىرىنى تەقلىد قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ يەردە ئايال سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدۇ، ئەرلەر ۋە ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بولسا مۇشۇنىڭغا قىستايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ ئىختىيارسىز، مەجبۇري ئىشلەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىشلىمىسە ھالاك بولىدۇ ۋە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. چۈنكى ئۇ.نەپىقىسىنى قىلىدىغان دادىسى، قېرىندىشى، ئېرى ياكى ھەر قانداق بىر كىشىنى تاپالمايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر بولسا ئىسلامدا يوقتۇر.

ئايال ئىسلامدا بولسا ئاساسلىقتۇر. ھەقىقەتەن ئۇ دائىم ئېرىنىڭ ھامىيسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن نەپىقىلىرى، ھاجەتلىرىنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگىدۇر. ئەگەر قىز بولسا دادىسى، ھەمشىرە بولسا قېرىندىشى، ئانا بولسا ئوغلى، ئايال بولسا يولدىشى مەسئۇلدۇر. بۇلار بولسا شەرىئەت نەپىقە نىزاملىرىدا ئۇلارغا قىلىنغان ھۆكۈمدۇر ۋە بارلىق كىشىلەر بۇلارغا رىئايە قىلىدۇ.

ئەمما غەربتە بولسا بۇلاردىن ھېچ نەرسە يوقتۇر.

ئۇستازىمىز دوكتور مۇھەممەد يۇسۇپ مۇسا (الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى فرانسىيەدىن ئېلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە ئوقۇيدۇ ۋە پارىژدا ياشاۋاتقان چاغدا... كىتابى «ئىسلام ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھاجىتى» دە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: «بىز بىر ئۆيدە ياشايتۇق، بىر قىز بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبلىكلىكى، كېچە ياكى كوچا قىزلىرىدىن ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. تازىم ـ تەۋەززۇ بىلەن خىزمىتىمىزنى قىلاتتى. ئۆي ئىگىسىدىن بۇ قىزنى سۈرۈشتۈردۇق. ئۆي ئىگىسى: «مەشھۇر سودىگەرلەردىن بولغان پالانى كوچىدىكى يۇستانىنى تونۇمسىلەر؟» دېدى، بىز تونۇيمىز دېدۇق، ئۆي ئىگىسى ئېيتتى: ‹ئۇ كىشى بولسا بۇ قىزنىڭ تاغىسى، بۇ (قىز) ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ قىزى› ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتتۇق: ‹ئاشۇ باي سودىگەر بۇنىڭ تاغىسى ؟!. ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزىنى ئۆيلەردە خىزمەت قىلىشقا تاشلاپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنىڭغا نەپىقە بېرىشى، بۇنداق خىزمەتلەرگە مەجبۇرلىماسلىقى ئۈچۈن دەۋا قىلىشى كېرەك.› ئۆي ئىگىسى تەبەسسۇم بىلەن ئېيتتى : قايسى قانۇن ئۇ قىز ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىدۇ؟ سىلەردە مۇشۇنداق تۈزۈم بارمۇ؟بىز: بىزدە بار،... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتە قىز تاغىسى ئۈستىدىن داۋا قىلىشقا قادىر ۋە تاغىسىنى مەجبۇرىي نەپىقە تۆلەتكۈزىلىدۇ،دېدۇق. ئۆي ئىگىسى ئايال دېدى: ئەگەر بۇلار بىزدە بولغان بولسا ئەتىگەن سەھەردىن تارتىپ زاۋۇتلاردا، كارخانىلاردا ۋە تىجارەت ئورۇنلىرىدا سەپ ـ

سەپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ قىزلار ۋە ئاياللارنى كۆرمىگەن بولاتتىڭلار! ۋە ئۇلارنى بۇنىڭدەك ئىشلارغا مەجبۇر قىلىۋاتقىنى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىدىغانلارنى تاپالمىغانلىقىدىندۇر›› .

ئۇنداقتا بۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت قارشى، قانۇن - تۈزۈمى، ۋە ئەنئەنىسى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. بىز قانداقمۇ ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىمىز؟ بىز ئېيتىمىزكى: ئايال كىشىنىڭ خىزمىتى تامامەن ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىدەك بولۇشى زۆرۈرمۇ؟ ئەگەر ئايال كىشى بىرەر ئەمەلگە ھاجەت بولسا ياكى جەمئىيەتنىڭ،ئۇنىڭ ئەمەلىگە ھاجىتى بولسا چەكلىمە يوقتۇر مەسىلەن : ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، تۇغۇت ئانىسىدەك بۇ يەردە ئىسلام جەمئىيىتى ھاجەت بولىدىغان ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتلەر باردۇر.

ئېنىقكى بىزنىڭ ناچار مەسىلىمىز قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش مەسىلىسىدۇر.

## ئىككى ئۆتمۈش ئارىسىدىكى مۇسۇلمان ئايال

بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىردىكى ئاياللار تامامەن ياۋروپا ئاياللىرىدەك بولۇشنى ئويلايدۇ، لېكىن شەرق بولسا شەرق غەرب بولسا غەربدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتساق مۇسۇلمان ئايال ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە الله خالىسا ئۇنىڭدىن بۇ ئۆسمىنى يەنى تەقلىد قىلىش ۋە دوراش ئۆسمىسىنى يوقىتىدۇ شۇنداقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىغا ۋە كەلگۈسىگە يەنە بىر قېتىم نەزەر سالىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇ ئۆتمۈشكە قارايدۇ، يېقىن ئۆتمۈشكە ئەمەس، بەلكى يىراق ئۆتمۈشكە قارايدۇ.

## يېقىن ئۆتمۈش

بىزدە ئايال كىشى ئۆچۈن ئىككى ئۆتمۈش بار. بىرى يېقىن ئۆتمۈش. ئۇ بولسىمۇ قالاقلىق ئەسىرلىرىدۇر. بۇنىڭغا قايتىشنى بولسا ياخشى كۆرمەيمىز. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ قالاقلىق ئەسىرلىرىدە ئەپسۇسكى زۇلۇم قىلىندى، يېتىم قالدۇرۇلدى. جاھىل، بىلىمسىز قالدۇرۇلدى، ھاياتتىن، دىندىن، تاشقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلدى. ھەقىقەتەن ئۇ مەسچىتتىن چەكلەندى. بۇ ئۇنىڭ دىنىغا ۋە ھاياتلىق تۇرمۇشقا چىقىش يولى ئىدى. ئۆتكەن زامانلاردىكى ئىسلام ئالىملىرى «زامان ھەقىقەتەن بۇزۇقچىلىققا تولدى. ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئەۋج ئالدى، ئايال كىشىنىڭ سىرتقا چىقىشى پىتنە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرى موماي‌لاردىن باشقا ياش ئاياللار مەسچىتكە بارمايدۇ. ياش ئايالنىڭ ئېرى، ئەگەر ئۇ توي قىلمىغان قىز بولسا دادىسى ئۇنىڭغا ئۆگىتىدۇ » دەپ پەتىۋا بەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا دادا قىزىغا ئۆگەتمىدى. ئۇ ئۆزى باشقىلارنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئۆگەتسۇن؟! كىشى ئۆزىدە يوق نەرسىنى قانداقمۇ باشقىلارغا بېرەلىسۇن؟! ھالبۇكى، دادا بولسۇن، قېرىندىشى بولسۇن، ئېرى بولسۇن... ئايال كىشىگە ئۆگىتەلمىدى.

ئۇنىڭ مەسچىتكە بېرىپ دەرسلەرنى، تەربىيەلەرنى،

خۇتبەلەرنى ئاڭلىشىنى چەكلىدى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇنى يېتىملىكتە، نادانلىقتا قالدۇرۇلدى، ئۇ ئېرىدىكى ئىسلامنىڭ ئىرادە قىلغان مەسئۇلىيەتلىرىنى بىلەلمىدى. باللىرىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ ھەتتا باللىرىغا بولغان تەربىيەنىمۇ ياخشىلىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن باللىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ناچارلىقلاردىن قورقۇتۇش بىلەن ئۇلارغا قىسسە ۋە خۇراپاتلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ كەلدى.

ئەپسۇسكى ھەقىقەتەن مۇشۇ يېتىم قالدۇرۇشنىڭ تەسىرىدە .شۇنىڭدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز.

بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىردە ئايال كىشى ئۆيدىن چىقتى ۋە مەكتەپكە، ئۇنىۋېرسىتېتقا، بازارغا، خىزمەتكە كىنوغا ۋە ھەرخىل يەرلەرگە باردى. لېكىن، بىردىن بىر، بېرىشقا تېگىشلىك ئورۇن بولغان مەسچىتكە بارمىدى.

ئايال كىشى نېمە ئۈچۈن مەسچىتكە بارمايدۇ؟

پۈتكۈل دۇنيا ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايلىرىغا بارىدۇ: ناسارا ئاياللار چېركاۋغا بارىدۇ، يەھۇدىي ئاياللار بىيئەگە بارىدۇ؛ ھىندى ئاياللىرى بۇتخانىغا بارىدۇ، دېمەك ھەر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئايال ئىبادەتخانىسىغا بارىدۇ.

مۇسۇلمان ئايال زادى نېمە ئۈچۈن مەسچىدكە بارمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاياللارغا سىستېمىلىق دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جۈمەگە ۋە جامائەتكە قوشۇلالمايدۇ؟ ئايال كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە جامائەتكە ھازىر بولاتتى. ئالدىنقى سەپلەر

ئەرلەرنىڭ، ئاخىرقى سەپلەر ئاياللارنىڭ بولاتتى. ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىر ئىشىكتىن كىرىپ چىقاتتى. بۇ ھال خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەگەر بۇ ئىشىكنى ئاياللار ئۈچۈن قىلغان بولساڭلار» دېدى ۋە مەسچىتتىكى ئىشىكلەرنىڭ بىرىنى كۆرسەتتى. ئۆمەرنىڭ ئوغلى «بۈندىن كېيىن بۇ ئىشىكتىن كىرمەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شارابەتلىك مەسچىتىدە بۇ ئىشىك تا ـ ھازىرغىچە «ئاياللار ئىشىكى» دەپ ئاتالماقتا.

خۇراپاتلىق، قالاقلىق ئەسىرلىرىدە ئايال كىشى يېتىم ۋە نادان قالدۇرۇلدى. ئايال كىشى پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئەمەس بەلكى كۆز ئالدىدا تۇرغان ئېرىنىڭ،بالىلىرىنىڭمۇ ئەقەللىي ھەققىنى بېرەلمىدى. نۇرغۇن ئاياللار نامازنى تاشلىدى، مۇسۇلمان ئايال بىلمىسىزلىكتىن دىنىنىڭ تۈۋرۈكى،كۈندىلىك ئاساسى بولغان پەرز نامازنى تاشلىدى. دەرۋەقە، ناماز ئىسلام بىلەن كۇفرىنىڭ ئايرىسىدىكى پەرق ئىدى.

بىز خۇراپاتلىق، قالاقلىق ئەسىرلىرىگە قايتىشنى خالىمايمىز. بىز كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بىرىنچى مۇسۇلمان ئايال ئەسىرى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرى، ساھابىلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە ئالتۇن ئەسىرلەر بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆز ھەققىنى تامامەن تونۇغان، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى الله نىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇغان ۋە ئۇ مەسئۇلىيەتلەرىنى ئادا قىلغان، ئۆز پەرۋەردىگارىنى تولۇق تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ھەقلىق ئىبادەت قىلغان، بىر ئاي روزىسىنى تۇتقان، بەش

ۋاخ نـامـزىنى ئوقۇغـان، ئـىپپـىتىنى سـاقلىغان، ئىرىگـە ئىتائـەت قىلغـان، پەرۋەردىگـارىنىڭ جەننىتىگـە هـەقلىق بولغان ئەسىرگە قايتىشنى ئۈمىد قىلىمىز!

## يىراق ئۆتمۈش

ئـەينى زامـاندا ئايـاللار پـەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هۇزۇرىغـا كـېلىپ خۇسۇسـىي ئىشـلىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن سـورايتتى. هـەتتا ئائىشـە رەزىيـەللاهۇ ئـەنها: «ئەنسـارىلارنىڭ ئاياللىرىغا الله رەهمـەت قىلسۇن! دىنىنى چۈشىنىشتە ئۇلارنى هايامۇ توسۇيالمىغان ئىدى» دېگەن. هـەتتا ئـەر ـ ئايـال ئوتتۇرىسـىدىكى ئالاقـە توغرىسـىدىمۇ سورىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنى چۈشىنىشتە هايا بولمىغـانلىقى ئۈچـۈن پـەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالىغان.

ئەمەلىيەتتـە، ئايـاللار الله نىڭ ئەمرىگـە ئەگىشىشكە تولىمۇ هېرىس ئىدى ۋە شۇ توغرىدا الله نىڭ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنەلەرگـە ئېيتقىـنكى، نامەهرەملەرگـە تىكىلىـپ قارىمىسۇن، ئـەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىنىنەتلىرىدىن باشقا زىنىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ (سۈرە نۇر، 31 ـ ئايـەت) مۇشۇ ئايەت چۈشكەن چاغدا، ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها ئېيتىدۇ: «ئەنسـارىلارنىڭ ئاياللىرىغا باردىم، ئۇلارنىڭ هـەربىرى ئۆزلىرىگـە ئورايدىغـان نەرسـە ئىزدەۋاتقـان ئىكـەن. ئـۇلار نامازغـا هەقىقەتـەن باشـلىرىنى ياغلىقلار بىلـەن ئورىغـان هالەتتـە كـەلدى. خـۇددى ئۇلارنىـڭ بېشىـدىكى قـاغىلاردەك

(يەنى ئۇلارنىڭ بېشىدىكى قارا ياغلىق خۇددى قارا قاغىلاردەك). »

شۇ چاغدا، ئەنە ئاشۇ ئاياللار، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاشتا بىر مىنۇتمۇ ساقلىمىغان ئىدى. ئايال كىشىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇنىڭدەك بولغان ئىدى. ئەمما، ئېرى ئۇچۇن ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى ياردەمچى ئىدى.

"ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى" دەپ نام ئالغان ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئېرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ۋە سۆھبەتدىشى زۇبەيرە ئىبنى ئەۋۋامغا ياردەملىشەتتى. زۇبەيرنىڭ مەدىنىدىن بىر قانچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە يېرى بار ئىدى. ئەسما بۇ يەرگە مېڭىپ باراتتى. زۇبەيرنىڭ بىر ئېتى بار ئىدى. ئەسما ئۇنىڭغا خورما ئورۇقلىرىنى سوقۇپ بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ قايتىۋاتقىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانىڭ پىيادە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى مىنگەشتۈرۈۋالدۇ، ئۇنى زۇبەيرگە سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇنى مۇشەققەتكە قويۇپ قويغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. ۋە لېكىن بۇ، ئېرىگە ياردەم قىلىش بولسا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دەپ قارايتتى.

كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇكى، مۇھىمى، قىيىنچىلىق، چېكچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئېرى بىلەن بىرگە بولۇش كېرەك.

دۇنيا ئاياللىرىنىڭ خانىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە، زەھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا ئۆيىنى سۈپۈرەتتى، تاماق ئېتەتتى، خېمىر يۇغۇراتتى، نان ياقاتتى ئۇ زامانلاردا نانلار

زامانىمىزدىكىدەك تەييار ئەمەس ئىدى. بەلكى ئايال كىشى ئارپىدىن ئۇن تارتىپ ئاندىن ئۇنىڭدا خېمىر يۇغۇراتتى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇن تارتىپ ھەتتا قولى قاپىرىپ، يېرىلىپ كەتكەن ئۇ شۇ ھالدىمۇ يەنە خېمىر يۇغۇرۇپ نان ياقاتتى.

بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ جاپالىرىدىن شىكايەت قىلىپ خىزمەتچى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە ئۇ ھەققىدە ھەتتا: «فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مېنىڭ بىر قىسمىمدىندۇر، ئۇنىڭغا يەتكەن نەرسە ماڭىمۇ يېتىدۇ» دېگەن ئىدى. فاتىمە ئانىمىز دادىسىغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە قىلغىنىدا ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى كۆرسىتىپ قوياي... ئۇخلايدىغان چېغىڭىزدا الله غا ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەسبىھ ئېيتىڭ، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ھەمدۇ ئېيتىڭ ۋە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىڭ، الله نى ئەسلەش ھەقىقەتەن سىز ئۈچۈن خادىمدىن ياخشىدۇر» دېدى. يەنى ھەقىقەتەن الله نى ئەسلەش سىزگە روھى كۈچ بېرىپ، ھايات يۈكلىرى ئۈستىدىن سىزگە ياردەم قىلىدۇ، ئەزىز الله تائالا دىن ياردەم سوراڭ.

ئۇ يولدىشى ئەبۇ تالىپقا ياردەملىشەتتى، چۈنكى ئەلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن خىزمەتچى ياللاشقا قادىر بولالمىغان ئىدى. ھاياتنىڭ يۈكلىرىنى ئىككىگە بۆلۈش ئارقىلىق چوقۇم تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ئاچچىق - تاتلىقلىرىدا بىللە ياشاش كېرەك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

زامانىمىزدىكىدەك تەييار ئەمەس ئىدى. بەلكى ئايال كىشى ئارپىدىن ئۇن تارتىپ ئاندىن ئۇنىڭدا خېمىر يۇغۇراتتى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇن تارتىپ ھەتتا قولى قاپىرىپ، يىرىڭداپ كەتكەن ئۇ شۇ ھالدىمۇ يەنە خېمىر يۇغۇرۇپ نان ياقاتتى.

بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ جاپالىرىدىن شىكايەت قىلىپ خىزمەتچى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە ئۇ ھەققىدە ھەتتا: «فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مېنىڭ بىر قىسمىمدىندۇر، ئۇنىڭغا يەتكەن نەرسە ماڭىمۇ يېتىدۇ» دېگەن ئىدى. فاتىمە ئانىمىز دادىسىغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە قىلغىنىدا ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى كۆرسىتىپ قوياي... ئۇخلايدىغان چېغىڭىزدا اللە غا ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەسبىھ ئېيتىڭ، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ھەمدۇ ئېيتىڭ ۋە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىڭ، اللە نى ئەسلەش ھەقىقەتەن سىز ئۈچۈن خادىمدىن ياخشىدۇر» دېدى. يەنى ھەقىقەتەن اللە نى ئەسلەش سىزگە روھى كۈچ بېرىپ، ھايات يۈكلىرى ئۈستىدىن سىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئەزىز اللە تائالا دىن ياردەم سوراڭ.

ئۇ يولدىشى ئەبۇ تالىپقا ياردەملىشەتتى، چۈنكى ئەلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن خىزمەتچى ياللاشقا قادىر بولالمىغان ئىدى. ھاياتنىڭ يۈكلىرىنى ئىككىگە بۆلۈش ئارقىلىق چوقۇم تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ئاچچىق - تاتلىقلىرىدا بىللە ياشاش كېرەك ئىدى.

مانا بۇ ئىخلاستۇر مانا بۇ ۋاپادۇرلىقتۇر.

ئايال كىشىلەر سەلەپلەرنىڭ دەۋرىدە ئېرى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ياردەمچى بولاتتى، بىراق بۈگۈنكى كۈندىكى ئايالالارنىڭ ئويلايدىغىنى پۇل، كىيىم ـ كېچەك، پەرداز زىننەتتۇر. ئويلايدىغىنى تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ پالانى ـ پۇستانىلەردىن چىرايلىقراق بولىشى، ئېرىنى قايسى يول بىلەن بولسۇن، ھالالدىن بولامدۇ ھارامدىن بولامدۇ ئىززىتى بىلەن بولامدۇ، خار بولۇپ بولامدۇ، پۇل تېپىشقا ئىتتىرىشتۇر.

ئايال كىشىلەر، پاك ئەجدادلار زامانىسىدا، ئەگەر ئېرى خىزمىتىگە ياكى تىجارىتىگە چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئېيتاتتى؛ ئەي پالانىنىڭ ئاتىسى، ھارامدىن كەسىپ قىلىپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، بىز ھەقىقەتەن ئاچلىققا، قورسىقىمىز ئېچىپ كېتىشكە سەۋر قىلالايمىز، ۋە لېكىن ئوتقا، ۋە جەببارنىڭ (يەنى الله نىڭ) غەزىپىگە چىدىيالمايمىز! ئەگەر ئەر ھارامنىڭ ئالدىدا ئىرادىسى بوشاپ، بوش قايتقان بولسا ھەقىقەتەن ئايالنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆزى ۋە ئۆيى ئۈچۈن سەگىتىپ كۆڭلىنى ئويغۇتۇپ ۋە ئۆزىدىن ھارامغا چۈشۈپ قىلىشتىن بۇرۇن قايتا ـ قايتا ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر ئەر جىھاتقا ماڭسا، ئايالى ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ـ ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن بولدى. بەلكى ئۇنى جىھاتقا رىغبەتلەندۈردى. ئەگەر ئۇنىڭغا: « سىز ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىز، ئەرسىز قانداق قىلىسىلەر؟ » دېيىلسە، ئۇ ئايال ئۇلارغا چوڭقۇر ئىمان ۋە ئىشەنچ بىلەن، « مەن ھەقىقەتەن ئېرىمنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ

يېگىزگۈچى، رىزىق بەرگۈچى ئەمەس، يىگۈزگۈچى كەتكەن بىلەن رىزىق بەرگۈچى باقىيدۇر» دېدى.

كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇشۇ ئايالدەك ئېرىنىڭ الله قا ئىتائەت قىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دۇنيا، ئائىلە بايلىقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر. كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ سالىھ مۇسۇلمان ئايال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

ئۇنىڭ سالىھ ئانا بولۇپ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ! ۋە ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاقلار ئىسلامنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە الله قا بويسۇنىدىغان ۋە الله نىڭ ئىبادەتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىش بىلەن ئۇلارنى الله قا ئاسىي بولۇشىنى يامان كۆرسۈتۈپ، رەزىللىكلەردىن قورقۇتۇپ، ئېسىل ئەخلاقلارغا رىغبەتلەندۇرۇپ ۋە ئۆلۈمنى ئەسلىتىپ چوڭ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

بۇ، مۇسۇلمان ئانا. بىر چاقىرغۇچى جىهادقا چاقىرغاندا. خەتەر قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا ۋە بىر سۆزلىگۈچى: ئەي الله نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئاتلىنىڭلار. ئەي الله نىڭ قوشۇنلىرى يۈرۈڭلار دېگەن چاغدا. ئۇنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئانا ئوغۇللىرىنى جىهادقا قىزىقتۇرغىنىغا ئوخشاش ئوغۇللىرىنى مەسئولىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈمىز.

خەنسادەك ئانىنى ئۈمىد قىلىمىز. خەنسانىڭ بولسا ئىككى خىل ھالىتى بولغان: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋە

ئىسلامدىن كېيىنكى ھالىتى. ئىسلامدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر دادا قېرىندىشى، سەخرە ئۆلۈپ كەتكەندە، دۇنيانى يىغا - زارە، ۋارقىراپ - چىرقىراشلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. دىۋان شېئىرىنىڭ ھەممىسى سەخرە ئۈستىدىن بولغان يىغا - زارلىرى بىلەن تولدى.

ئۇنىڭ مەرسىيە قوشاقلىرى:
ھەر ساباھ، باشلىنار سەخرا كۈيىدە،
شۇ قۇياش ھەم پاتار سەخرا دەردىدە.
شۇنداق بىر ھال:
ئەگەردە، سەخراچۇن
يىغانغا چۇممىسە ئۇلار،
مەن بىلەن ئىككى جان چىقاتتى بۇندا.
ئاھ، نىتەي، ياشلىرىم دەريايۇ - دېڭىز
سەرۋى ۋە نازىنۈەن كۆكلەر بويىدا.

ئۇنىڭ قېرىندىشىغا ئېيتقان مەرسىيىلىرى (ماتەم قوشاقلىرى) مەشھۇردۇر. لېكىن ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئىمانىنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭ قەلبىگە كىردى. ئىسلام ئۇنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدا باشقا بىر ئەخلاقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى ۋە ئۇ باشقا بىر ئىنسان بولۇپ چىقىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ باشقا نىشانلىرى ۋە باشقىچە ئويلىنىشى بار بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇنىڭ دەۋرىدىكى قادىسىيە مەرىكىسىدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇرۇشقا ماڭىدىغان چاغدا ئۇلارنى الله نىڭ شەھادىتىگە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىگىرلەشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى؛ قەلبىدىكى ئىشەنچ، قەيسەرلىك مەشئەلىگە ئوت ياقاتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جەڭگە كىرگەندىن كېيىن تۆت ئاتلىق قېرىنداشلارنىڭ ھەربىرى ئەگەر قېرىندىشىدا بىرەر بوششۇش كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا: قېرىپ قالغان ئانىڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ ؟ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى.

ئاندىن ئۇ دادىل ئىلگىرىلەيتى. ئۇلار ئۇرۇشقا مانا مۇشۇنداق ئىمانى روھ بىلەن ئىلگىرىلىگەن ئىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەھىدلىككە تالللىغان ئىدى.

تۆتەيلەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلدى.

بىر كىشى تۆت ئوغۇلنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى ۋە خەۋەر يەتكەنىدە ئۇ نېمە قىلدى ؟ ئاغزىغا كاچاتلىدىمۇ ياكى ياقىسىنى يىرتتىمۇ ؟

جاھىلىيەت ۋارقىراشلىرىنى ۋارقىردىمۇ ؟ ئاجىزلىدىمۇ؟

تۆت ئۆلۈم!!!

ئۇ ئانىنىڭ ئىمانى قايغۇسىدىن كۈچلۈك بولغان ئىدى. ئۇ ئېيتتى: « ئۆزىنىڭ يولىدا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مېنى شەرەپلەندۈرگەن ۋە ئۇلارنى مەن ئۈچۈن قىيامەت كۈنى شاپائەتچى قىلغان الله تائالاغا بارلىق ھەمدۇ سانالار بولسۇن! » مانا بۇ ئانا بولغۇچى ئايالنىڭ قىلغان سۆزىدۇر ۋە شۇنداقلا خىلافەتكە قارشى بەنى ئۇمەييە ئۇرۇشىدىكى ئەسما بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئورنىنى ھەممىمىز بىلىمىز.

ئۇنىڭ بىلەن ئاز بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى قىلىپ، قورشاۋغا چۈشۈپ قالغىنىدا، بىرى كېلىپ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، سەۋرچان، شجائەتلىك ئانا

ئوغلىغا: «ئەي تاتلىق ئوغلۇم، ئەگەر سەن ھەق ئۈستىدە بولساڭ بېشىڭنى بۇ قەۋمنىڭ ئويۇنچىسىغا بەرمىگىن» دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي ئانا، ھەقىقەتەن ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەم، ئۇلارنىڭ مېنى قىيما - چىرما قىلىۋېتىشىدىن قورقىمەن» دېگەندە ئۇ ئوغلىغا: «جان بالام، شۇنى بىلگىنكى، بوغۇزلانغان قويىنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىش قويغا ھېچ زەرەر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى، فەزلىنىڭ ئانىسىغا: «يوكۇنى ئوغلىڭىز پالانى شەھەردە، يۇستانى ئوغلىڭىز پالانى شەھەردە ئۆلتۈرۈلدى» دېگەندە (ئۇ ئانا مۇنداق بىر) ھېكمەتلىك سۆز قىلغان: «ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ھىممەتلىرى ئايرىدى، ئەگەر ئۇلار ناچار ۋە ھىممەتسىز قالغان بولسىدى، تۇغۇلغان يەرلىرىدە ئۆلگەن بولاتتى»

كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئانىنىڭ مۇشۇنداق سەۋىيىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆز دىنىنى چۈشىنىشى، ھاياتىنى تونۇشى ۋە دىنىدىن، دۇنياسىدىن ئايرىلغۇچىلاردىن بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنىڭ ئۆز ئەسرىدە ياشىشىنى، لېكىن ئۆز دىنىنى تاشلىۋەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەن ھەقىقەتەن بۇ كۈننىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك دىنىنى، قىممەتلىك شەخسىيىتىنى، ھەقىقىي ۋەزىپىسىنى ۋە ئالاھىدە مىراسلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈندۇر ۋە مۇسۇلمان ئايال

ئېيتىدۇكى: «مەن ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق ياكى رۇسىيىلىك ئايال ئەمەسمەن، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمان ئايال، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىسى خالايىقلار ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتتۇر. مەن ھەقىقەتەن اللهنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا، ئىسلامنىڭ دىنلىقىغا، قۇرئاننىڭ كىتابلىقىغا ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچى ئىكەنلىكىگە رازى بولغۇچى. چوقۇم ئىسلامنىڭ قىممىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئادەتلىرىنى ساقلاش بىلەن داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك» چوقۇم بۇ ئىشەنچ ئايالغا قايتىش كېرەك. ئۇ بۇلارنى ساقلىسا ئۇنىڭ ھاياتىدىن ھېچ نەرسىنى چەكلىيەلمەيدۇ. ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھوقۇقىدىن بىر نەرسىنى چەكلىيەلمەيدۇ.

مۇسۇلمان ئايال چوقۇم بىلىم ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئىلىم تەلەپ قىلىش مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن پەرزدۇر. ئىسلام بىلىمسىزلىكنى ئايال كىشىگە پەرز قىلمىدى. شۇنداق بىر كىشىلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئايالنى جاھىل قالدۇردى. ئۇلار بولسا جاھىللاردۇركى، بىلىمسىزلىك ئەرلەر ۋە ئاياللار ھەممىسىگە تارقالدى. ئەمما ئىسلام بولسا ھەر ئىككىلا جىنسنىڭ تەلىم ئېلىشىنى بۇيرۇيدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمان ئاياللاردىن ئەرلەرگە پەتىۋا بەرگەنلەر بولغان. ئەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئالدىغا سوئال سوراپ بارغانلىقلىرىنى بىلىمىز. مىسالى ئائىشە ۋە ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش. ساھابىلار ئۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغىلى ۋە ئىسلام مەسىلىلىرىنى سورىغىلى كېلەتتى.

ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىشاتتى، ۋە ئۇ، ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتى ۋە تۈزەيتتى. بۇ توغرىدا ھەتتا بىر قانچە كىتابلارمۇ يېزىلغان.

ئىمام زەركەشى بىر كىتاب تۈزگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ساھابىلارنى تۈزەتكەن جاۋابلىرى» ئىدى. ئاشۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ساھابىلارغا پالانى ئۇنىڭدا خاتالاشقان پوكۇنى ماۋۇنىڭدا خاتالاشقان» دەپ بارلىق جۈرئەت ۋە كۈچ بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئورنى بولغان. سەكىنەتۇ بىنتى ھۇسەيىنىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشىلەر يىراقلاردىن پەتىۋا سوراپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەخسۇس دەرسخانىسى ھەم بولغانىكەن. تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان ئىمامۇ شافىئىي، ئۇنىڭ دەرسىگە قاتناشقانلىقى ھەم مەلۇم.

ۋە بەزى ئاياللار ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بىر كىشى ئۆزى ھەدىس ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: سالىھە ئۇستازە پالانىنىڭ قىزى پۈستانى ماڭا سۆزلەپ بەردى، دەپ ئېيتىدۇ.

ھەدىستە ئەمىرىل مۇئمىنىين، بۇخارىنىڭ ئەڭ زور شەرھلىگۈچىسى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ: «پۈستانىنىڭ قىزى پوكۇنى ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇستازلىرىمدىندۇر» دەپ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ھەنەفىي مەزھىپىدىكى چوڭ ئۆلىمالارنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش پەتىۋا بېرىدىغان بىر قىزى بولغان بولۇپ

www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر پارچە خەت چىقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە دادىسىنىڭ ئىمزاسى ۋە قىزىنىڭ ئىمزاسى يەنى قىزنىڭ بۇ پەتۋانى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىمزاسى يېزىلىپ چىقىدىغان بولغان.

ئۇنىڭ ئېرى بولسا دادىسىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ۋە ئۇمۇ، چوڭ ئۆلىمالاردىن ئالائىددىن كاسانى، (ئۆلىمالار پادىشاھى) دەپ ئاتالغان. فىقھى ھەنەفىدە «بىدا ئىئۇس سەنائىئى» دېگەن بىر كىتابنى تۈزۈپ چىققان، ئۇ بولسا ئۇستازىنىڭ «تحفت الفقه» - دېگەن كىتابىنىڭ كېڭەيتىلگەن چۈشەندۈرۈشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئېيتىدۇ: ئۇنىڭ سوۋغىسىنى شەرھلەپ، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى! ۋە پەتىۋا ئۈستىدە قىزىنىڭ ۋەكىيئوغلىنىڭ ئىمزاسىمۇ بىرگە چىقىدىغان بولغان قىز بولسا دادىسى ۋە ئېرىدەك پەتىۋا بېرىدىغان بولغان.

ۋە ھەقىقەتەن ئەبا ھەييامىنىڭمۇ ئۇستازلىرىدىن ئۈچ ئايالنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇلارنى ئاپىرىن بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

## ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تولۇقلىنىش

ئايال كىشى مۇشۇنداق بولغان ئىدى.

ئايال كىشى پەقەت ئاجىزلىق قالاقلىق، خۇراپاتلىق ئەسىرلىرىدىلا يېتىم قالدۇرۇلدى.

شۇنداق ئېيتىمىزكى: مۇسۇلمان ئايال ئۆز ئىسلامىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشى كېرەك. بۇنىڭ

مەنىسى ھەرگىزمۇ ھاياتىدىن يېتىم، ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

ئوقۇسا بولىدۇ، بەلكى ئوقۇشى ۋاجىپتۇر ۋە لېكىن ئوقۇش ئۆزىنىڭ قابىلىيەت ۋە كەسپى دائىرىسىدە بولىدۇ. خوتۇن كىشى بولسا ئايالدۇر... اللە تائالا ئېيتقاندەك: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى، يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى، ئەر ئايالنى ياراتقان زات اللە بىلەن قەسەمكى﴾ (سۈرە لەيلى 1 ـ ـ 3 ـ ئايەتكىچە).

اللە تائالا كۈندىلىك ھاياتتا، كېچە ـ كۈندۈزنى ياراتقىنىدەك، ئەر ـ ئايالنى ياراتتى. خۇددى كېچىنىڭ قارىشىسىدا كۈندۈز بولغىنىدەك، ھايات ھەم، كېچە ـ كۈندۈز... سىز تولۇق بولمىغىنىدەك چوقۇم ئەر ـ ئايال بولىشى كېرەك: ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾ (سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت).

پەرۋەردىگارىمىز ئالەمنىڭ ھەممىسىنى جۈپلۈك ئۈستىگە تۇرغۇزدى. ھەتتا جانسىز(ئانئورگانىك ماددا) مەسىلەن: توك، مۇتلەق ـ پاسسىپ (پىلۇس ـ مىنۇس) بولغىنىدەك. ئەر ـ ئايالمۇ مۇتلەق پاسسىپقا ئوخشايدۇ. ئايال كىشى ئەرنىڭ دۈشمىنى ۋە ياكى رەقىبى ئەمەس ۋە ھەم ئەرنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، بۇ توغرىدا اللە تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن﴾ (سۈرە

ئال ئىمران 195 ـ ئايەت).

يەنى ئايال بولسا ئەردىن، ئەر بولسا ئايالدىن ۋە ئەركىشى ئايالغا، ئايال كىشى ئەرگە ھاجەتسىز بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى زىھنىدا ئۆزىنى ئەر كىشى ئۈچۈن دۈشمەن، رەقىب ۋە رىقابەتچى قىلىۋالسا توغرا بولمايدۇ. بەلكى، ئۇ بولسا ئەرنى تولۇقلايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ جەننەتتە تۇرغۇزغاندا ئۇنى يالغۇز قويۇپ قويمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ جەننەتتە يالغۇز ياشىشى مەنىسىزدۇر. اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئايال ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتى: ﴿بىز (ئادەمگە) ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار!﴾ (سۈرە بەقەرە 35 ـ ئايەت).

ئەمما جەننەت بولسا ھەۋۋاسىز مەنىسىزدۇر. بۇ توغرىدا ئېيتىدۇ: ﴿(ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى﴾ (سۈرە ئەئراف 189 ـ ئايەت).

ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى خاتىرجەملىك ۋە تاتلىقچىلىقلارنىڭ تولۇقلىنىشى ئۈچۈندۇر.

ئەر بولسا ئايالدىن، ئايال بولسا ئەردىندۇر. ئايال كىشى ئەرگە قارشى تۇرۇش ۋە رىقابەتلىشىشلەرنى نىيەت قىلماسلىقى لازىم ۋە كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال ئېرى بىلەن رىقابەتلىشىپ، ئۇ نېمە قىلسا شۇنى قىلدىغان، نېمە كىيسە شۇنى كىيدىغان بولماسلىقى لازىم.

بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىر قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

ئايال ئەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالغان بولسا، يىگىتلەرمۇ خېنىملىشىپ ۋە ھەددىدىن ئېشىپ، ھەتتا قىز بولغىلى تاس قېلىۋاتىدۇ.

ئەر كىشى ئەركەكلىك ۋە غەيۇرلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئايال كىشى بولسا ئاياللىق لاتاپىتىنى، مۇلايىملىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

ئەگەر ئەر قوپاللىقنى، ئايال لاتاپىتىنى يوقاتسا ھايات ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

ۋە مۇشۇ نۇقتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرنى ئايالنىڭ كىيىمىنى، ئايالنى ئەرنىڭ كىيىمىنى كىيىشتىن توستى ۋە ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا لەنەت ئوقۇدى. بۇ، ھەربىر جىنسنىڭ خۇددى الله ياراتقىنىدەك ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغان ھالەتتە داۋاملىشىشى ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەرنىڭ ئەركەكلىكىدە رىقابەتلەشمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلگەن دائىرە ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىقتا ئوخشاش ۋە ياكى مۇسۇلمان ئايالنى، ئەر ياكى ئەر دوختۇرنىڭ ئۇ ھەم مۇسۇلمان بولماسلىقىمۇ مۇمكىن بولغان كىشىنىڭ تەكشۈرگىنىنىڭ ئورنىغا ئاياللار ئۈچۈن مېدىتسىنا خىزمىتىنى قىلىدۇ ۋە ھەتتا تىجارەتلەرنىڭ بەزىسىدە ئەگەر ئاياللار ئۈچۈن خاس بولغان ئىچ كىيىمگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەر ساتىدىغان بولسا ئۇ نەرسىلەرنى ئايال ساتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# غەربتىكى كۆرۈنۈش

كەلگۈسى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىم مۇسۇلمان ئايال ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى شەخسىيىتىنى، دىنىنى ۋە مىراسلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ ئەسىرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئايال تەقلىد قىلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرى مەدەنىيىتىنى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇلار ئېيتىدۇ: بۇ مەدەنىيەت ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە ۋەيران بولۇش ئۈستىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىرى تەنقىدلەيدۇ؟

بۇ مەدەنىيەت ھەقىقەتەن ماددا جەھەتتىن پەللىسىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئىنسانلار ئالەمگە ئۆرلەشكە ئەۋلادلار پارتلاتقۇچ بومبىسىنى ئىشلىتىشكە ئايغا يېتىشكە ۋە ئاي يۈزگە قەدەم قويۇشقا قادىر بولدى ۋە لېكىن، ئەخلاقىي قىممەت، ئىنسانىي ئەھمىيەتكە ئېرىشەلمىدى. ئىنسانلار بۈگۈندىن كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدى.

كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئەنسىرەش دېلىغۇللۇق ھېس قىلماقتا.

كۈنۈمىزدىكى كىشىلەر ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن ھەم قىلچە ھۇزۇر ۋە مەنا تاپالماس ھالغا يۈزلەندى.

بۇ يەردە قارارلار ۋە كىتابلار تۇرۇپتۇ. شۇنداق ئاياللارمۇ بار ئېكەنكى، پەرزەنتلىك بولۇش ئۇلارنىڭ

ھەشەمەتلىك ياشامى ئۈچۈن بىر چۈشەك. شۇڭا ئۇلار بالىلىق بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر ماشىنىلىق بولۇشنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ.

ئۇ يەردە قىز ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەيدۇ ۋە ئوغۇلمۇ ھەم شۇنداق ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلار بىر ئۆيدە بولىشمۇ بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ۋە باشقا يەردە بولىشمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇلار ئۈچىراشمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇلار (ئانىلار بايرىمى) دەپ ئاتاشقان ئوغۇل بىر يىل كۈنلىرىنىڭ بىرسىدە ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن ھال سورايدۇ. ئۇنىڭغا بىر قۇتا ئەتىر ياكى بىرەر ھەدىيە ئېلىپ بارىدىغان بايرىمىغا ھاجەت بولغان.

ئۇ يەردىكى مويسىپىتلىق باسقۇچلىرى ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ بەختسىز بىر بۆلىكىدۇر. دادا يالغۇز ياشايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان كىشى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە ئەرمەك ئۈچۈن ئىت مۇشۈكلەرنى بېقىش كەڭ ئومۇملاشقان !!!

نېمە ئۈچۈن؟

چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان بىرسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن ھايۋانلارغا يېقىنلاشقان!!!

فرانسىيەدە يەتتە مىليوندىن ئارتۇق ئىت بارلىقى مەلۇم. ھالبۇكى، بۇ يەتتە مىليون ئىت پېچىنە ـ پىرەنىك شاكىلاتلارنى يەپ پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ.

ھايۋانات بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ مەسئۇلى: ئىتلارنىڭ بۇ قورقۇنۇچلۇق سانىنىڭ سىرى نېمە ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئۇلار ھەقىقەتەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى

www.urghurkitap.com

مېھىرسىزلىكنى ئىتلاردىن تۆلەتتى!!»» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىنسان سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە موھتاج شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ مەخلۇقاتلاردىن مۇئەييەن بىر سۆيگۈ مەنىۋى بەدەلنى تاپتى.

ئۆتكەن يىلى ياز ئامېرىكىدىكى ۋاقتىمدا ئاجايىپ بىر ئىشنى ئاڭلىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ئىش ئامېرىكانلارغا نىسبەتەن نورمال تۇيۇلىدىكەن. كىشىلەر بىر ئۆيدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراقنى ھېس قىلغان ۋە ئۇلارنى بىزار قىلغان بۇ سېسىقچىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن ساقچى چاقىرىشقا مەجبۇر بولغان. ساقچىلار ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ بىر جەسەتنى بايقىغان!

ۋە بەزىلەر كۆكرەك كېسەللىرىنى داۋالاش ئورنىدىكى ئۆمرىنىڭ قالغىنىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدىغان بىر قېرىغان كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇ كىشى باللىرىنى ياكى نەۋرىلىرىنى ئەگەر ئۇلار ئۇنى زىيارەت قىلىشنى خالىسا پەقەت يىلدا بىر قېتىم ئاران كۆرەلەيدىكەن.

كىشىلەر مەدەنىيەت دەپ تەقلىد قىلىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئېپلاسلىقلىرىنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىشقا باشلىدى ۋە كۆپلىگەن كىتابلار بۇ مەدەنىيەتنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشنى باشلىدى. بىز بولساق ئۇنى شۇنداقلا قوبۇل قىلىۋاتىمىز.

بىزدە ئۆزىمىزنىڭ دىنى تۇرۇپ، ئۆزگىلەرنى دوراشقا نېمە ھاجىتىمىز بار؟ بۈيۈك ئىسلام دىنىمىزنى كىرگۈزۈشتىن، تولۇقلاشتىن بىھاجەت قىلغان الله تائالاغا

بارلىق ماختاشلار بولسۇن!

## ئايال كىشىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئورنى

نېمە ئۈچۈن چەتئەل تاۋارلىرى كىرگۈزگەندە، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا يەرلىك تاۋار بولسا رىقابەت بولىدۇ؟ ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى قايسى؟

- ئۇ بولسا الله تەرەپتىن بولغىنى.

ھەقىقەتەن ئۇ تاۋارنى بولسا ئىنسان ياسىمىدى. بىزدە بولسا شەرىئەت بار.ئۇنى ئىنسان ياسىغان ئەمەس.ئۇنى بولسا قۇدرەتلىك، كۈچلۈك ياراتقۇچى چۈشۈردى: ﴿الله نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار،الله نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟﴾ (سۈرە بەقەرە 138 ـ ئايەت). الله نىڭ ھۆكمى: ﴿(الله غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾(سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت).

بىز كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆز دىنىغا ۋە ئەسلىگە قايتىشىنى، قارىغۇلارچە دوراشنى تاشلىشىنى، يېتىپ كېلىۋاتقان بۇ مەدەنىيەتتە تاللىغۇچى ئورنىدا تۇرۇپ، ياخشىسىنى ئېلىپ، يامىنىنى تاشلاپ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان (ئىشلارنى) قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالدىن دورىغان ئورنىدا ئەمەس، مۇشۇ ئەسلى ئورنىدا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنىڭدىن ھوقۇقلىرىنى ساقلىغىنىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن سىرتقى كۆرۈنۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بۇرۇن، ئىچكى دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، كوچىغا قاراشتىن بۇرۇن ئۆيىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنىڭدىن ئەرلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ياكى ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا زوقلانغىنىنىڭ ئورنىغا، ئېرىگە ۋە بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئالماشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇسۇلمان ئايالدىن باشتىكى ئەسىرلەردە بولغان مۇسۇلمان ئايالغا ئوخشاش ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.ئۇنىڭ ئۆلچىمى بولسا ھوقۇقلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە، مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا، دىنىنى چۈشىنىشتە ئوخشاش بولۇشتۇر.ئۇنىڭ ئىمان ئىگىسى، ئەخلاق ئىگىسى، چۈشەنچە ئىگىسى، بۇرۇچ (ۋەزىپە) ئىگىسى، ئىلىم ئىگىسى بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مانا بۇلار بولسا كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال ئۈچۈن ئۈمىد قىلىۋاتقانلىرىمىز.

بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىيەت پىكرىگە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ھەقىقەتەن ئىسلام شەھەرلىرىدىكى غەرب ئاياللىرىنى دوراش مۇتلەق ماس كەلمىدى.

بىز بۇ ئەسىرنىڭ ئاياغلىشىشىنى، يېڭى ئەسىر باشلىنىشىمىزنى، ۋە مۇسۇلمان ئايال ئۈچۈن يېڭى بەت ئېچىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىيەت پىكرىگە قايتىپ، ئىسلام تەربىيىسىدىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەردەك چىڭ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.ھەقىقىي تەربىيە ئېلىپ كەلگۈچى بولسا الله نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۈننىتىدۇر. شۇ چاغدا بارلىق ياخشىلىقلارنى ۋە ئاياللار

ئۇچۇن بارلىق ئىنسابنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

## ئىسلام ۋە جاھىلىيەتتىكى ئايال

كېيىپ ئېيتالايمىزكى، ئىسلام ئايال كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى.

جاھىلىيەتتىكى ئەرلەر ئايالنى گۈزى كەلسە پايدىلىنىدىغان بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئەشيا قاتارىدا كۆرەتتى..ئايال زاتى خۇددى ئۇلاغلار ۋە كالىلار مىراس قالغاندەك مىراس ئېلىناتتى ! ئوغۇل بولسا دادىسىنىڭ قوي، كالىلىرىنى مىراس ئالغاندەك، ئۇنىڭ ئاياللىرىمۇ مىراس ئالاتتى. دادىسىنىڭ ئايالىنى خالىغىنىچە بىرتەرەپ قىلاتتى. خالىسا ئۇنى نىكاھىغا ئالاتتى. خالىسا ھەتتا ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئازاد قىلغۇچە ياكى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مال تۆلىگۈچە تۇتۇپ تۇراتتى.

ئىسلام بولسا بۇلارنى چەكلىدى.

(جاھىلىيەتتە) ئايال كىشىگە قىلچىمۇ مىراس تەگمەيتتى. چۈنكى (مىراس) ئۇ چاغلاردا پەقەت قىلىچ كۆتۈرۈپ قەبىلىسىنى قوغدىغان ۋە جەڭ قىلغۇچىلارغىلا بېرىلەتتى.شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ مىراس ھوقۇقى بولمايتتى.

ئىسلام بولسا ئايال كىشىگە ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئادىل مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭدىن ئاشۇ مۇدھىش چاغدىكى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان مۇشۇ

مەزلۇملىقىنى كۆتۈرۈۋەتتى. دادا تۇغۇلۇق ئانىغا نىسبەتەن: قىز دېگەن نېمە ؟ئەڭ ياخشىسى ئوغۇل. قىزنىڭ غەلۋىسى يىغلاش ۋە ياخشىلىقى ئوغۇرلۇق!» دېگەندەك سۆزلەرنى يولسىزلارچە قىلاتتى. بۇنى الله تائالا قۇرئاندا تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ﴾ (سۈرە نەھل 58 ـ ئايەت).

ئىسلام ئايالغا كەلگەن بۇ بىچارىلىكنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنى الله نىڭ سوۋغاتلىرىدىن دەپ قارىدى. ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر. الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ. خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ﴾ (سۈرە شۇرا 49 ـ ئايەت).

بۇ يەردە ئايالLARنى ئەركەكلەرنىڭ ئالدىغا قويىدى ۋە قىزلارنى ئەدەبلىك، گۈزەل تەربىيىلەشنى جەننەتكە داخىل قىلىشنىڭ شەرەپلىك سەۋەبلىرىدىن دەپ ئېتىبارغا ئالدى. ئىسلام ئايالنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدى. قىز، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئۇنىڭدا قىزىدا خۇددى ئائىلىدىكى بىر مۇلۇك كەبى بىر تەرەپ قىلىش، قىزنى خالىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشتەك نامۇۋاپىق ئىشلارغا رۇخسەت قىلمىدى. قىز ئۆزى رازى بولمايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن «ياق!» دەپ ئېيتىشقا قادىردۇر. ئەگەر ئۇ «ياق» دېسە ياتلىق قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

بىر قىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا كېلىپ ئېيتتى: «دادام مېنى قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا ئارىمىزدىكى

ئاداۋىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ياتلىق قىلدى». (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ بۇ نىكاھتىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.) شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىختىيارلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئاندىن قىز ئېيتتىكى: «ھەقىقەتەن دادامنىڭ قىلغىنىغا رۇخسەت قىلدىم، لېكىن مەن بۇ مەسىلىدە دادىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ نىكاھى مەسىلىسىدە قانچىلىك دەرىجىدە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى ئىدىم».

ئىسلام ئايال كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى. ئۇنىڭ ھوقۇقلىرىنى بىكاردىن - بىكار يوق قىلىۋەتمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلدى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدى. كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىسلامغا ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بىلەن قايتىشى كېرەك ۋە كەلگۈسىدە ھەم غەرب مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن تاللاش، خىللاش پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

شۇنى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر غەرب مەدەنىيىتىدە بىرەر ئۈستۈنلۈك بار دېيىلسە، ئىسلام بۇ ساھەدە ھامان ئارىپ مەلۇملۇقتۇر. ئۇنىڭدا بىرەر يامانلىق بولسادا، ھەقىقەتەن ئىسلام ئۇنىڭدىن بىزنى يىراق قىلغاندۇر. نېھايەتكى، بىز كىرگۈزۈشكە، قوبۇل قىلىشقا بىھاجەتمىز. بىز باشقىلاردىن تىلەشكە ھاجەت ئەمەسمىز.

بىز بولساق بۇ جەھەتتە بايلارمىز.

ئىقتىدارلىق كىشىنىڭ تىلىشىگە رۇخسەت يوق. ھەقىقەتەن اللە تائالا بىزنى ئىسلام بىلەن بېيىتقان تۇرسا، بىز باشقىلارنىڭ داستىخىنىدىن (دىنىدىن) قانداقمۇ تىلەيمىز؟

# كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال

ئى، مۇسۇلمان ھەمشىرىلىرىم! مانا بۇلار بولسا كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايالدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم. ئۇنىڭ ئۆز دىنىنى ۋە ھاياتىنى تونۇشىنى، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى، يولدىشى ۋە باللىرى ئۈستىدىكى ۋە ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى، دىنى، ئىسلام ئۈممىتى ئۈستىدىكى بارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان مۇسۇلمان ئايال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىيەت پىكرىنى يېتەكچى قىلىپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.ئۇنىڭ اللە يولىغا چاقىرغۇچى مۇسۇلمان ئايال بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنىڭ ئايالدەك ئايال تەربىيىلىگۈچى، يول باشلىغۇچى بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇ بولسا قىزلارغا ئۆزىنىڭ جىنسىينى ئۆگىتىپ ۋە ھەقىقىي پىكرىنى يېتەكچى قىلىپ ئېلىپ مېڭىشتۇر.

بۇ شەھەرلەر بولسا ھەممىدىن بۇرۇن ھەقلىقتۇر. بىز ئەرەب يېرىم ئاراللىدا ۋە ئىسلام ئۆيىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭدىكى بىرىنچى نەرسىنىڭ مۇشۇ ھەقىقىي ئىسلام پىكرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا دۇنيانىڭ

ياخشىسى، ئاخىرەتلىك بەخت ئۈنىڭ ئارقىسىدا الله نىڭ رازىلىقى، كىشىلەرنىڭ ئەقىللىقلىرىنىڭ ھەيران قىلىشلىرى ئۈنىڭ ئارقىسىدا ماددىي ـ مەنىۋىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە روھىي بەخت ـ ئۇ بەخت شۇنداق نەرسىكى ئۇ يەردە ئۈنىڭدىنمۇ كاتتا بەخت ھەرگىز يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. ئۇ بەخت ھەققەتەن شۇنداق نەرسىكى ئۇ توغرىسىدا ئەلى رەزەيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى، ئۆمەر رەزەيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇممە گۇلسۇم مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا ئۆمەر رەزەيەللاھۇ ئەنھۇنى بىر قېتىم ئۆي ئىشلىرىدىن بىر ئىشتا ئاچچىقلىتىپ قويغىنىمدا ئۇ ماڭا: سىزنى بەختسىز قىلىمەن، دېدى. ئاندىن مەن: قادىر بولالمايسىز، مەن ھەققەتەن بەختىمنى ئىمانىمدا كۆردۈم، ئىمانىم بولسا قەلبىمدە ۋە قەلبىمگە بولسا پەرۋەردىگارىمدىن باشقا پادىشاھ يوقتۇر، دېدىم.»

الله تائالادىن بىزگە ئەمەلدە، سۆزدە توغرىلىقنى رىزىق قىلىپ، دىنىمىزدا بىزگە چۈشەنچە ۋە مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەسلىگە ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامى شەخسىيىتىگە خۇددى باشتىكى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان ئايالغا ئوخشاش قايتىشىنى ۋە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى، تەقۋادار ۋە الله خالىسا ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇشنى سورايمەن!!!

بۇ سۆزۈمنى ئېيتىش بىلەن الله تائالادىن ماڭا ۋە سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن!

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ! (سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەركىتى بولسۇن)

ئەلھەمدۇلىللاھى رابىل ئالەمىين!